يەھۇدىيلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت سىرىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان
ئائىلە تەربىيىسى قوللانمىسى

# يەھۇدىيلاردا ئائىلە تەربىيىسى



خېلېن ۋاڭ (ئامېرىكا)

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

责任编辑： 热孜完古力.马木提
责任校对： 胡达白尔的

图书在版编目(CIP)数据

犹太家教圣经/（美）华森著；色伊提译.北京：民族出版社，2006.3
ISBN 7-105-07582-1

Ⅰ.犹... Ⅱ.①华...②色... Ⅲ.犹太人—家庭教育—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.G78

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第022134号

出版发行：民族出版社
网　　址：http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街14号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2006年3月第1版　2006年3月北京第1次印刷
开　　本：850毫米×1168毫米
印　　张：10
印　　数：0001-3000册
定　　价：15.00元

本书根据中国妇女出版社 2004 年 12 月第 1 版北京第 1 次印刷版本翻译出版。
بۇ كىتاب جۇڭگو ئاياللار نەشرىياتى 2004 ـ يىل 12 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان1 ـ نەشرى بېيجىڭ 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىر : رىزۋانگۈل مامۇت قارلۇق
مەسئۇل كوررېكتور : خۇدابەردى خېلىل

# يەھۇدىيلاردا ئائىلە تەربىيىسى

تەرجىمە قىلغۇچى :سېيىت تىلىۋالدى

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 ـ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : دېشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2006 ـ يىل 3 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2006 ـ يىل 3 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168م م. 32كەسلەم
باسما تاۋىقى : 10
سانى : 0001 ـ 3000
باھاسى : 15.00 يۈەن

# كىرىش سۆز

## يەھۇدىي مىللىتىدىن چىققان دۇنياۋى سەرخىللار

### پەن - تېخنىكا ساھەسىدىكىلەر

ئېينشتېين، نىلس. بوردىن باشقا يەنە ”يادرو تىنچلىق ئاتىسى“ سېكورد، ”ئاتوم بومىسى ئاتىسى“ ئوپپېنخېيمر، ”ھىدروگېن بومبىسى ئاتىسى“ تېللېر، دانىشمەن فىزىك رىچارد.خايمان، ”كىبېرنېتىكا ئاتىسى“ ۋيېنېر، ”دۇنيا تىلى ئاتىسى“ رامېنخوۋ، ”ھۆججەتشۇناس“ مېچىنكوف قاتارلىقلارمۇ يەھۇدىي مىللىتىدىن چىققان داڭلىق ئالىملاردىندۇر.

ئېينشتېين ئەڭ بۈيۈك فىزىكا ئاتىسى ئىدى. كېيىن رىچارد.خايمان فىزىكا ئىلمىگە قوشقان كاتتا تۆھپىلىرى بىلەن ”فىزىكا ئاتىسى“ دەپ ئاتىلىپ، 1965 - يىلى نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

يەھۇدىي ئالىم خارېر ئاممىياك سىنتېزلاش ئۇسۇلىنى تاپقانلىقى ئۈچۈن 1918 - يىلى نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندى.

يەھۇدىي ئالىم خېينرىخ 1931 - يىلى نەپەس فېرمېنتىنى بايقىغانلىقى ئۈچۈن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

پېنتسىللىننى كەشىپ قىلغان فلېمىڭ، فېللوۋل ۋە چاين قاتارلىق ئۈچ نەپەر يەھۇدىي ئالىم 1945 -يىلى بىرلا ۋاقىتتا نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

يەھۇدىي ئالىم ۋاخسمان ستربېپتومىتسىننى كەشىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، مېدىتسىنا ۋە بىئولوگىيە پەنلىرى بويىچە 1952 - يىلى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

يەھۇدىي بىئولوگىك ئارتۇر.كورنبېرگ لىزىننىڭ بىئوسىنتېز قۇرۇلمىسى ۋە

ئوكسىگېنسىزلانغان رىبو يادرو كىسلاتاسىنى تاپقانلىقى ئۈچۈن 1975 ـ يىلى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

يەھۇدىي بىئولوگ لېۋىي پاقا ئۈستىدە تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق، يۈرەك سوقۇشىنىڭ مەلۇم خىمىيىلىك ماددىغا، بولۇپمۇ نېرۋا سىستېمىسىدىن قويۇپ بېرىلىدىغان ئېفىر خولىنغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقىغانلىقى ئۈچۈن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. دۇنيا مەدەنىيىتىگە كاتتا تۆھپە قوشۇپ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يەھۇدىي ئالىملاردىن يەنە ئورگانىك خىمىيىگە ئاساس سالغۇچى ۋون.بايېر، شۆنىگېر، فىزىك كوس.بوين، لىپمان، ۋېستارت، كارو، خېنرى، دىرىفووس قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ.

ئامېرىكا پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدە يەھۇدىي ئالىملىرىنىڭ رولى ئىنتايىن زور. سوتسىئولوگلارنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، ئامېرىكىلىقلارغا ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن 200 نەپەر مەشھۇر ئىلىم ئەھلىنىڭ يېرىمى يەھۇدىي ئىكەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغىچە بولغان ئارلىقتا نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئامېرىكىلىق 100 نەپەر ئالىمنىڭ يېرىمى دېگۈدەك يەھۇدىي ۋە يەھۇدىي ئەۋلادلىرى ئىكەن. ئامېرىكىنىڭ شەرقىدىكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا خىزمەت قىلىدىغان پروفېسسورلارنىڭ 30 پىرسەنتى يەھۇدىي ئىكەن.

## ئىقتىساد ساھەسىدىكىلەر

ئامېرىكا فېدېراتسىيە زاپىسى بانكىسىنىڭ رەئىسى گرىنسپان، نۆۋەتتىكى ئەڭ داڭلىق يەھۇدىي باي ھېسابلىنىدۇ.

سامۇئېلسىن، داۋىي.رىكاردو، ئارتۇر.بېرنس، خېيىر.برىننېر، سىمون قاتارلىق ئىقتىساد ساھەسىدىكى زور بىر تۈركۈم دۇنياۋى داڭدار شەخسلەرنىڭ ھەممىسى يەھۇدىي.

ئىقتىساد ساھەسى ھەققىدە گەپ بولسا، يەھۇدىيلار ”ئەڭ داڭلىق دۇنياۋى سودىگەرلەر“ دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھەقتە تېخىمۇ نۇرغۇن مىساللارنى كۆرسىتىش



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

مۇمكىن. مەسىلەن، ”ياۋروپادىكى ئالتە چوڭ ئىمپېرىيىنىڭ قۇرغۇچىسى“ دەپ تەرىپلىنىدىغان روتسچىلد، دۇنيا نېفىت شاھى، تۇنجى مىلياردېر جون.روكفېللېر، ”پۇل مۇئامىلىسى دوكارى“ گېئورگې.سورروۋس، ”ئاخبارات شاھى“ جۇزېف.پلېئاس، ”پادىچىلار ئىشتىنى شاھى“ لېۋىي.ۋتراۋس، پۇل مۇئامىلىسى ماگناتى پېيرپونت.مورگان، ”قىزىل كاپىتالىست“ دەپ ئاتالغان خامىر... بۇلارنىڭ ھەممىسى يەھۇدىي.

ئامېرىكىدىكى كۆپ سانلىق يەھۇدىيلار ئامېرىكىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىساد ساھەسىدە نەچچە ئەۋلاد جان تىكىپ ئىشلىشى ئارقىلىق، سودا - سانائەت، پۇل ئامىلىسى ۋە كەسپىي تېخنىكا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىگە ئايلاندى. ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلاردىن مەلىكىسىز ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار پەقەت بىر پىرسەنتلا. 1988 - يىلدىكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا ئامېرىكىدىكى 47 پىرسەنت يەھۇدىينىڭ يىللىق كىرىمى 40 مىڭ دوللاردىن ئاشىدىكەن. لېكىن باشقا مىللەتلەردىن كىرىم سەۋىيىسى بۇ ئۆلچەمگە يېتىدىغانلار 25 پىرسەنتلا ئىكەن. يەھۇدىيلاردىن يىللىق كىرىمى 20 مىڭ يۈەنگە يەتمەيدىغانلار پەقەت 10 پىرسەنتلا ئىكەن. لېكىن باشقا مىللەتلەردىن بۇ خىل تۆۋەن كىرىم قاتلىمىدىكىلەر 23 پىرسەنتكە يېتىدىكەن.

20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا كەلگەندە، يەھۇدىي سودا - سانائەتچىلىرى كىيىم - كېچەك ۋە تۈرلۈك ماللار پارچە سودىسى ساھەسىدە ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىدى. ئورۇشتىن كېيىن، بولۇپمۇ 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىغا كەلگەندە بولسا ئۇلارنىڭ تېرە - خۇرۇم، ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەش، ئېلېكترون سانائىتى، يېمەك - ئىچمەك، كۆكۈل ئېچىش، نېفىت، خىمىيە سانائىتى قاتارلىق ساھەلەردىكى ئەمەلىي كۈچى كۈندىن - كۈنگە زورىيىپ باردى.

”ۋال ستىرىت كوچىسىنى يەھۇدىيلار كونترول قىلىدۇ“ دېگەن گەپ گەرچە سەل - پەل ئاشۇرۇپ ئېيتىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەھۇدىي بانكىرلىرىنىڭ ئامېرىكا پۇل مۇئامىلىسى ساھەسىدىكى ئەمەلىي كۈچى ھەقىقەتەن بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كوئون - لوبېر شىركىتى، سېلېگمان شىركىتى، لېمان ئاكا - ئۇكىلار

شىركىتى، لازارد ئاكا ـ ئۇكىلار شىركىتى، سولومون ئاكا ـ ئۇكىلار شىركىتى، گودمان ـ ساكس شىركىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پۇل مۇئامىلىسى ساھەسىدىكى تەسىر كۈچى بار ماگناتلاردىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا رويتېر ئاگېنتلىقىنىڭ خوجايىنى رويتېر، «ۋاشىنگتون پوچتىسى» گېزىتىنىڭ خوجايىنى كاتارىن.گراھام، GBSنىڭ قۇرغۇچىسى ۋىللىيام.پالىي، NBSنىڭ خوجايىنى سارنوف قاتارلىقلارمۇ ئامېرىكىدىكى داڭلىق يەھۇدىي بايلاردىندۇر.

ئامېرىكىنىڭ كىنوچىلىق ساھەسىگە يەھۇدىيلار ئاساس سالغان دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئامېرىكىدىكى چوڭ كىنو شىركەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك يەھۇدىيلار قۇرغان. مەسىلەن، ۋارنا شىركىتىدىكى ئاكا ـ ئۇكا ۋارنالار، پارامونت شىركىتىدىكى ئادال.زوئىوك، MGM (Metro ـ Goldwyn ـ Mayer)شىركىتىدىكى لۇيىس.مايىر، سامۇئىل.گودۋىن قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يەھۇدىيلار.

ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىق ساھەسىدىمۇ يەھۇدىي مىللىتىدىن بولغان زور بىر تۈركۈم داڭلىق مۇخبىر، مۇھەررىر ۋە سەھىپە يازغۇچىلىرى يېتىشىپ چىقتى. مەسىلەن، ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقى مۇدىرىيىتىنىڭ رەئىسى دونالد.يوخاۋسىمۇ يەھۇدىي.

## مۇتەپەككۇرلار

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئىدىيە ساھەسى ناۋادا يەھۇدىيلار بولمىغان بولسا بۈنچىۋالا تېز تەرەققىي قىلمىغان بولاتتى، دېيىشكىمۇ ئاشۇرىۋەتكەن بولمايمىز. چۈنكى خرىستىئان دىنىنىڭ ياراتقۇچىسى ھەزرىتى ئىيسا دەل يەھۇدىي مىللىتىدىن. ھەزرىتى ئىيسانىڭ ئىدىيىسى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇ جەھەتتە دۇنيادا ھېچكىم ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ.

كارل.ماركسنىڭ تۆھپىسىنى بۇ يەردە سۆزلەپ ئولتۇرمىساقمۇ كۆپچىلىككە چۈشىنىشلىك.

پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىدىيىسىگە تەسىر كۆرسەتكەن يەنە بىر يەھۇدىي دانىش بار. ئۇ بولسىمۇ فىرىئۇد. ئۇ ئۇتتۇرىغا قويغان ئاڭ ۋە يوشۇرۇن ئاڭ ھەققىدىكى ئاڭ قۇرۇلمىسى، ئىنسانىنىڭ ئۆزلۈك، خاس ئۆزلۈك ۋە ھالقىما ئۆزلۈكىدىن تەركىب تاپقان شەخسىيەت قۇرۇلمىسى، دۇنيادا يېڭى بىر دەۋر ياراتتى. شۇڭا فىرىئۇد، ماركس ۋە ئېينىشتېين "دۇنيا تارىخىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئۈچ ئۇلۇغ زات" دەپ تەرىپلىنىدۇ.

دۇنيادا يەنە "پانتېئىزمنىڭ پىرى" سپىنوزا، "فېنومېنولوگىيە ئۇستىسى" خۇئوسېل، "يېڭى فىرىئۇدىزمچى" فېللوۋم، "پەلسەپە ئۇستىسى" ۋىتگانشتېين، "سېمىئولوگىيە ئۇستازى" كاسسىل، "ياش ئىسيانچىلارنىڭ ئاتىسى" ماركۇسې، مەشھۇر پسىخولوگ ماسلور قاتارلىق نۇرغۇنلىغان يەھۇدىي پەيلاسوپلار چىققان.

## ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەر

يەھۇدىيلار ئەدەبىيات، تىياتىرچىلىق ۋە مۇزىكا ساھەلىرىدىمۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن مىللەت. داڭلىق يەھۇدىي سەنئەتكارلىرى خۇددى يەھۇدىي مۇتەپەككۇرلىرى ۋە ئالىملىرىغا ئوخشاشلا چاقناپ تۇرغان پارلاق چولپانلاردىندۇر.

مەشھۇر يەھۇدىي رەسساملاردىن پىكاسسو، راففائىل، چاگال، سىزاننې، بلوخ، ئېپشتېين قاتارلىقلار بار.

يەھۇدىي مۇزىكانتلاردىن مېندېلسون، مېنوخىن، مارلېر، رۇبىنشتېين، كارايان، مېيېربېر، سچونبېرگ، پېرلمانلارنى ھەممەيلەن بىلىدۇ.

يەھۇدىي مىللىتىدىن چىققان داڭلىق يازغۇچىلار ھەققىدە گەپ بولسا ئەلۋەتتە خېينې، رۋېيگ، كافكا، پرووست، ئالالېبېرگ، گولدىم، بېرگسون، شىنتىسلېر، نايل.ساكس، ھېنرىھ.مان، توماس.مان، ساۋل.بېللوۋ، ئا.سىنگېر، شوۋلوم.ئالىفاند، خېيېس، پاستېرناك، برودسكى، جوزېف.خېللېر، سالىنگېر، مالامۇد، ئاللېنت.گىنسبېرگ، موراۋىيا، بېككېت قاتارلىقلارنى تىلغا ئالىمىز. ئالدىنقى قاتاردا

تۇرىدىغان ئامېرىكا ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ 60 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى يەھۇدىي ئەۋلادلىرى ئىگىلەيدۇ.

داڭلىق كىنو سەنئىتى ئۇستىسى ۋە مەشھۇر سەنئەتكار ستېفېن.سپېئىلبېرگ، ئېيزىنشتېين، دۇستىن.خوفمان، پائول.يېئومان قاتارلىقلارمۇ يەھۇدىي مىللىتىدىن.

## سىياسىي ساھەدىكىلەر

يەھۇدىيلار 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئامېرىكا سىياسىي ساھەسىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا كىرىشكە باشلىدى.

ئامېرىكىدا بىرىنچى بولۇپ ئىچكى كابىنېتقا كىرگەن يەھۇدىي ــــ ئوسكار.ستروۋس 1906 ـ يىلدىن 1909 ـ يىلغىچە پرېزىدېنت تېئودور.روزېۋېلتنىڭ سودا ۋە ئەمگەك مىنىستىرى بولدى.

كېيىن تېخىمۇ نۇرغۇن يەھۇدىيلار ئامېرىكا ئىچكى كابىنېتىغا كىردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تەسىرى چوڭراقلىرىدىن پرېزىدېنت فرانكلىن.روزېۋېلتقا مالىيە مىنىستىرى بولغان ھېنرىھ.مورگېنتاۋ، پرېزىدېنت نىكسون بىلەن پرېزىدېنت فوردقا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولغان ھېنرىھ.كىسسىنگېر، پرېزىدېنت كارتېرغا مالىيە مىنىستىرى بولغان مىك.بلومېنتال قاتارلىقلار بار.

پرېزىدېنت كىلىنتون ھاكىمىيەت باشقۇرغان چاغدىكى ئالتە مۇھىم كابىنېت ئەزاسى يەنى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ئالبرايت، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى كوخېن، مالىيە مىنىستىرى روبىن، سودا ۋەكىلى بارشېخسكى، دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىشلىرى ياردەمچىسى بېرگېر.براندېيس، ئامېرىكىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خولبروئوك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يەھۇدىي ئىدى.

ھەرقايسى چوڭ شتات ۋە شەھەرلەرنىڭ باشلىقلىرى ئىچىدىمۇ نۇرغۇن يەھۇدىيلار بار. يەھۇدىي ئەۋلادى لۇيىس.براندېس فېدېراتسىيە ئالىي سوتىدا 23 يىل سوتچى بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يەھۇدىي مىللىتىدىن بولغان نۇرغۇن زاتلار ئالىي سوتتا سوتچىلىق قىلدى.

تارىختىن بۇيان ئامېرىكا پارلامېنتىدا پارلامېنت ئەزاسى بولغان يەھۇدىيلارنى بۇ يەردە بىر- بىرلەپ ساناپ ئولتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. قىسقىسى، 1998 -يىلى سايلاپ چىقىلغان 106 - نۆۋەتلىك پارلامېنت ئەزالىرى ئىچىدە يەھۇدىيلاردىن 23 نەپەر ئاۋام پالاتا ئەزاسى، 11 نەپەر كېڭەش پالاتا ئەزاسى بار ئىدى.

## يەھۇدىيلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسى دەستۇرى ــــ «تالمۇد»

يەھۇدىي دىنى ئەسلىدە مېسوپوتامىيە رايونىدىكى سامىلار(مىلادىدىن 5000 يىل بۇرۇن سەھرايىكەبىرنىڭ شىمالىدا ياشىغان قەدىمكى مىللەت ــــ تەرجىماندىن) دەپ ئاتىلىدىغان بىر مىللەت ئارىسىدا پەيدا بولۇپ، تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان ئەڭ قەدىمكى بىر ئىلاھلىق دىن. يەھۇدىي دىنى خرىستىئان دىنى ۋە ئىسلام دىنى بىلەن تومۇرداش. مىلادى 70 - يىلى ئېروسالېمدىكى ئىككىنچى روك قەسرى ۋەيران قىلىنغاندىن كېيىن، يەھۇدىيلارنىڭ سەرسانلىقتا پىتراپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، يەھۇدىي دىنىمۇ دۇنيانىڭ جاي- جايلىرىغا تارقالدى شۇنداقلا تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بىر تۈرلۈك دىنىي ئېتىقادقا ئايلاندى.

يەھۇدىي دىنىنىڭ مۇنداق ئۈچ مۇقەددەس دەستۇرى بار:

بىرىنچى، «تەۋرات» يەنى «تاناخ». «تەۋرات»نىڭ ئالدىنقى بەش جىلدى «توراھ»، «قانۇنچە» ياكى «مۇسانىڭ بەش كىتابى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ؛ ئىككىنچى، «تالمۇد». ئۇنىڭدا «توراھ»تا بايان قىلىنغان 613 ئەمرىمەرۇپ تەپسىلىي شەرھلەنگەن؛ ئۈچىنچى، «مىدلاش».

## «تالمۇد» ــــ يەھۇدىيلارنىڭ ئەقىل- پاراسەت خەزىنىسى

«تالمۇد»(يەھۇدىيلارنىڭ تەۋراتتىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان

مۇقەددەس كىتابى، 3000 يىللىق يەھۇدىي مەدەنىيىتىنىڭ ئەقىل - پاراسەت بۇلىقى — تەرجىماندىن) يەھۇدىيلارنىڭ نەزىرىدە «تەۋرات»تىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مۇقەددەس كىتاب ھېسابلىنىدۇ. 20 جىلد، 12مىڭ بەتتىن تۈزۈلگەن بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ھەرقانداق مەسىلىگە دېگۈدەك چېتىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدا ھەربىر مەسىلە شەرھلىنىدۇ. دېمەك «تالمۇد» — ئۈچ مىڭ نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە يەھۇدىي ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، يەھۇدىيلاردىكى ئادەتتىن تاشقىرى ئەقىل - پاراسەتنىڭ قۇرۇماس بۇلىقى، يەھۇدىيلارغا ئەۋلادتىن - ئەۋلاد مىراس قالغان قىممەتلىك كلاسسىك ئەسەر.

«تالمۇد»نى، «تەۋرات»نىڭ تەپسىلىي شەرھىيىسىلا ئەمەس، بەلكى مول مەزمۇنلۇق، رەڭدار ئەدەبىي ئەسەر دېيىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئۇ دىن ۋە ئەخلاق ھەققىدىكى نەسىھەتلەردىن باشقا نۇرغۇن چۆچەك، تارىخىي رىۋايەتلەرنى شۇنداقلا مىللىي ئۆرپ - ئادەت، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، مېدىتسىنا ۋە بوتانىكىغا ئائىت مەزمۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن ئەسەر ئىنتايىن ئاممىباپ - ئوقۇشلۇق ۋە باي مەزمۇنلۇق بولغاچقا، يەھۇدىيلارنىڭ جاھاندارچىلىق قىلىنامىسىگە ئايلىنىپ، پىشراپ كەتكەن يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي ئۆملۈكىنى كۈچەيتىپ، ئۇيۇشۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇشتا مىسلىسىز رول ئوينىدى.

يەھۇدىيلار «تالمۇد»نى ھازىرمۇ ھارماي - تالماي تەتقىق قىلماقتا. نۇرغۇن يەھۇدىيلار ئۇنى ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئوقۇغاندىن باشقا، ئىبادەت كۈنى بىر نەچچە سائەت ۋاقىت چىقىرىپ مەخسۇس ئوقۇيدۇ.

دېمەك، «تالمۇد» — يەھۇدىيلارنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، ئۆلمەس روھى. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، يەھۇدىي مەدەنىيىتىنى «تالمۇد» مەدەنىيىتى، يەھۇدىي پاراستىنى «تالمۇد» پاراستى دېيىشكە بولىدۇ.

## «تالمۇد» — يەھۇدىي قانۇنلىرى ھەققىدىكى قامۇس

يەھۇدىي مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى، مۇقىم ئولتۇراقلىشىش نېسىپ بولمىغان،



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

ئارىلاشما قۇرۇلمىلىق قەبىلەرنى مەنبە قىلىدۇ. چۈنكى تارىختىن بۇيان يەھۇدىيلار مەلۇم بىر رايونغا كېلىپ ئۇ‍ۋە دەپ بولغىچە سۈر-توقاي قىلىنىشتەك كەچمىشلەرگە ئۇچراپلا كەلدى. بۇ ھال يەھۇدىيلارنى مىللەت ئايرىمىسىنى بېكىتىشنىڭ قانداشلىقى ۋە ئۆز ئائىلىغا زىمىنى بولۇشتەك ئىككى چوڭ ئامىلىدىن مەھرۇم قىلدى.

ئەمەلىيەتتە، ئىچكى مىللىي رىشتە نۇقتىسىن تەھلىل قىلىپ باقىدىغان بولساق، سەرسانلىقتا تەرەپ- تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن يەھۇدىيلارنىڭ پەقەت پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىغا چىن ئەقىدە قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىيالىغانلىقىنى بايقىيالايمىز. يەھۇدىيلار، ئىرقىي جەھەتتە ئوچۇق پىكىرلىك مىللەت. شۇڭا ئۇلار يەھۇدىيلارنىڭ مىللەت سالاھىيىتىگە پەقەت ئۇنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىغا ئەمەل قىلغان- قىلمىغانلىقىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

«تالمۇد»نا يەھۇدىي مىللىتىنىڭ قانۇن روھى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «تالمۇد» 2000 ئالىمنىڭ 1000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت كەتكەن مۇھاكىمە ۋە تەتقىقاتى جەريانىدا ئاندىن پۈتۈپ چىققان. دېمەك ئاشۇ ئالىملارنىڭ ئالاڭ ۋە پىكىرلىرى ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغان بۇ كىتابنى كۆپچىلىك ئۇنتۇرىغا قويغان ئوي-پىكىرلەرنىڭ نىسبىي مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى، دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن بۇ كىتابتا ھەرقانداق مەسىلىگە ئېنىق بىر جاۋاب بېرىلمەي، ئۇنىڭ جاۋابى ئوقۇرمەنلەرگە قالدۇرۇلغان. شۇڭا، باشقىچىرەك قىلىپ ئېيتساق «تالمۇد»نى يەھۇدىي قانۇنلىرى ھەققىدىكى كىتاب دېگەندىن كۆرە ھەربىر يەھۇدىينىڭ ئۆز ئائىلىغا تەتقىق قىلىپ ئۆز ئائىلىغا ئىزدىنىدىغان كىتابى دېگەن تۈزۈك. چۈنكى ھەربىر يەھۇدىي مەزكۇر كىتابنى قورال قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قاراش ۋە پىكىرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا يەھۇدىيلار «تالمۇد»نى ئۆيچە ئۆگەنگەن چاغلىرىدا ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۆگىنىش تەسىراتلىرىنى ئۆز ئارا ئاڭلىشىدۇ.

«تالمۇد»، يەھۇدىي قانۇنلىرىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ھەققىدىكى بىردىنبىر نوپۇزلۇق شەرھى كىتابمۇ ئەمەس. چۈنكى يەھۇدىيلاردا ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز ئائىلىغا مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ. مەسىلەن، يەھۇدىي دىنىي

ئىنستىتۇتلىرىدا «تالمۇد»نى سۇدەك يادلاپ بىرەلەيدىغان تالىپلار مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىمۇ ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى يەھۇدىيلارنىڭ نەزىرىدە «تالمۇد»تا ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىرى پەقەت باشقىلارنىڭلا پىكرى. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پىكرىنى سىڭدۈرمەي قارىسىغا يادلىغان ئادەمنى مۇنەۋۋەر دەپ كەتكىلى بولمايدۇ.

«تالمۇد»، يەھۇدىي قانۇنلىرى ھەققىدىكى قامۇس. لېكىن ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بۇ كىتاب پەقەت پايدىلىنىش قۇرالىدىنلا ئىبارەت. ھەرگىزمۇ ھەرىكەت قىبلىنامىسى ئەمەس. «تالمۇد»، نۇرغۇنلىغان يەھۇدىي ئالىملىرى ئەقىل- پاراستىنىڭ جەۋھىرى دېيىلسىمۇ، يەھۇدىيلارنىڭ قارىشىچە «تالمۇد»نى ئۆگەنگەندە ئوقۇرمەن ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمىگەن بەزى نۇقتىئىنەزەرلەرگە باشقىچە پىكىردە بولسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ھەركىم ئۆز ئالدىغا ئۆگىنىپ، ئۆگەنگەن مەزمۇنلارنى تەدرىجىي ئۆزلەشتۈرۈش، ھەقىقىي مەنىدىكى ئۆگىنىشتۇر.

## «تالمۇد» — كلاسسىكلاردىن ئوزۇق ئېلىش ۋە بىلىمنى قەدىرلەشكە ئۈندەيدىغان دەستۇر

يەھۇدىيلار نەچچە مىڭ يىللىق زور ئۆزگىرىشلەر داۋامىدا تەرەپ- تەرەپتە سەرسان بولۇپ، ئالەمچە جەبىر- جاپالارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىسىنى يوقاتماي، ئەكسىچە بۇ جەھەتتىكى ئىگىلىمەس- سۇنماس ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى. بۇنىڭ سەۋەبى ھەققىدىكى پىكىرلەر خىلمۇ خىل بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدا يەھۇدىيلاردىكى مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بولۇپمۇ «تەۋرات» ۋە «تالمۇد»قا ئوخشاش كلاسسىك دەستۇرلاردىن تۆرەلگەن مەنىۋى رىشتىنىڭ مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ. بەزى مۇتەخەسسىسلەر شۇنداق دەيدۇ: "‹تەۋرات› يەھۇدىي دىنىنىڭ ئۇلى بولسا، ‹تالمۇد› ئاشۇ ئۇل ئۈستىگە قۇرۇلغان، يەھۇدىي روھى ۋە ئەقىل- پاراستىنى يۆلەپ تۇرىدىغان تۈۋرۈك. نۇرغۇن تەرەپلەردىن ئالغاندا ‹تالمۇد› يەھۇدىي مەدەنىيىتى خۇسۇسىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر ئەسەر، يەھۇدىيلارغا خاس تۇرمۇش ۋە ئىجادچانلىقنىڭ مەنبەسى".

يەھۇدىيلاردىكى بىلىمنى قەدىرلەش، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش ئېڭى، مۇنداقلا شەكىللىنىپ قالغان قاراش ئەمەس، بەلكى ئۇزۇن زامانلار مابەينىدە يەھۇدىيلارنىڭ كاللىسىغا چوڭقۇر سىڭگەن بىر خىل روھ. «تەۋرات» ۋە «تالمۇد»قا ئوخشاش مۇقەددەس دەستۇرلاردا يەھۇدىيلارنىڭ ئىلىم ئىزدەشكە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقى روشەن گەۋدىلىنىدۇ. ھەرقانداق يەھۇدىي ئىلىم ئىزدەشنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ئىبارەت بۇ زاكوننى ئوبدان بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئۆگىنىشكە پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭا يەھۇدىيلار ئەۋلادلىرىدا ئىلىم ئىزدەش قىزغىنلىقىنى يېتىلدۈرۈش مەقسىتىدە، بالىلىرىنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا يەھۇدىي دىنىنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەيدۇ.

«تالمۇد» "يەھۇدىي ئەقىل- پاراستىنىڭ گىن ئامبىرى" دەپمۇ تەرىپلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە "تالمۇد" دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئىبراي تىلىدىكى مەنىسىمۇ "ئىزدىنىش، تەتقىقات" دېگەندىن ئىبارەت. «تالمۇد»تا "ئۆگىنىش — بىر خىل ساۋابلىق ئىش، شۇنداقلا بارلىق گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ مەنبەسىدۇر" دېيىدىغان ئىدىيە ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. «توراھ»تا مۇنداق دېيىلىدۇ: "〈تالمۇد〉نى قانچە ئۆگەنسەڭ ئۆمرۈڭ شۇنچە ئۇزۇرىدۇ... 〈تالمۇد〉قا پىششىق ئادەم، پانىي دۇنيادىكى ئەبەدىي تىرىك ئادەمدۇر". "〈تالمۇد〉نى مۇتائىلە قىلغان ئادەم، ھۆرمەتكە ئائىلدۇر. ئۇ، سىرداش بولۇشقا، ئىززەتلىنىشكە مۇناسىپ، پەرۋەردىگارنىڭ سادىق بەندىسىدۇر. ئۇنداق ئادەم سىپايە- كەمتەر، ئادىل، ئىخلاسمەن، دۇرۇس ۋە ئېتىقادلىق كېلىدۇ؛ رەزىللىككە يىراق، گۈزەل ئەخلاقا يېقىن تۇرىدۇ. دۇنيا ئاشۇنداق ئادەملەر ئارقىلىق پاراسەت، سەممىيەت، ئىدراك ۋە كۈچ- قۇدرەتكە تولىدۇ".

كلاسسىك دەستۇرلارنى مىللەتنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىجادچانلىقىنىڭ ئۇزۇلمەس بۇلىقىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، يەنە مائارىپقا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يەھۇدىي دىنىدا نوپۇزلۇق دىنىي زاتلار "رابىبىي" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆز ئارامى تىلىدىكى "دانا" دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، "ئۇستاز" دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. «تالمۇد»نى دەل ئاشۇنداق رابىبىيلاردىن بىرنەچچە ئەۋلاد كىشى ئۇزۇن ۋاقىتتا

تاماملىنغان. يەھۇدىيلارنىڭ نەزىرىدە، رابىبىيلار پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسىنى يەتكۈزۈدىغان ئەلچى، يەھۇدىيلارنىڭ مەنىۋى داھىيسى، يەھۇدىي تەربىيىچىلىرىنىڭ بىر خىلى.

يەھۇدىيلارنىڭ كلاسسىك دەستۇرلىرىدىن «تۇراھ» "تەلىم- تەربىيە" دېگەن مەنىنى، «تالمۇد» "يېتەكلەش" دېگەن مەنىنى، «مىدلاش» "چۈشەندۈرۈش" دېگەن مەنىنى، «مىشنا» "تەكرار ئۆگىنىش" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ «گېمارا» دېگەن ئىبارىمۇ ئارامى تىلىدىكى "تەھسىل" مەنىسىنى بېرىدىغان سۆزدىن كەلگەن. بۇنىڭدىن يەھۇدىي دىنىدا ئۆگىنىش ۋە مائارىپقا نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا دىنىي مائارىپنىڭ يەھۇدىي دىنى ئارقىلىق يەھۇدىيلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

دېمەك، يەھۇدىي دىنى ئادەمنى كىچىكىدىن باشلاپلا ئىلىم ئۆگىنىشكە دالالەت قىلىدۇ. يەھۇدىي دىنىدىكى ئىزدىنىش ۋە ئۆگىنىشنى بىر تۈرلۈك ئېتىقاد يۈكسەكلىكىگە قويۇش ئەنئەنىسى، دۇنيادىكى باشقا ھېچقانداق دىندا مەۋجۇت ئەمەس. قىسقىسى، بۇ خىل دىنىي ئەقىدە يەھۇدىيلارغا ئاجايىپ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭا يەھۇدىيلار بىلىمگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بىلىمسىز ئادەمنىڭ ئىخلاسمەن بولالىشى مۇمكىن ئەمەس.

يەھۇدىيلارنىڭ ئەنئەنىۋى نىكاھ ئادەتلىرىدىمۇ بىلىمنى قەدىرلەش روھى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. چۈنكى يەھۇدىيلار بېشىدىن ئۆتكەن تالاپەتلىك كەچمىشلەردىن پاراسەتسىز يەھۇدىيلارنىڭلا ئەمەس، ھەتتا ئىستىبدات جەھەتتە ئادەتتىكىچە يەھۇدىيلارنىڭمۇ پۈت تىرەپ تۇرمىقى مۈشكۈل بولىۋاتقان بۇ جەمئىيەتتە، ئەۋلاد قالدۇرۇش ۋە ئۇلارنى ئوبدان تەربىيلەشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى.

يەھۇدىيلار نىكاھتا ئۆزىنىڭ خىلىنى تاللاشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھالبۇكى "خىلىنى تاللاش" ماددىي جەھەتتە ئەمەس، بەلكى ساپا جەھەتتە ئۆزىگە باب كېلىدىغان لايىقنى تاللاشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بايلار قارشى تەرەپ ھەرقانچە

نامرات بولۇپ كەتسىمۇ، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ياكى رابىيلار بىلەن قۇدىلىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ؛ نامرات ئاتا- ئانىلار باللىرىنى بارلىق بىساتىنى سېتىپ بولسىمۇ بىلىملىك كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن نىكاھلاندۇرۇشقا ئىنتىلىدۇ.

يەھۇدىيلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىلىم ئىگىلەشكە ئىنتىلىدۇ شۇنداقلا ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە ئۇسۇلدا خىزمەت قىلدۇرالايدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرى ئامېرىكا سانائەت باشقۇرۇش كومىتېتى مۇنداق بىر ھالەتنى بايقىغان: يەھۇدىي ئانىلار باللىرىنىڭ ئوقۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئاساسەن ئۆيدە تۇرۇدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن بولىدىكەن. ھالبۇكى ئامېرىكىدىكى كۆچمەن ئىتالىيانلار بولسا ئامېرىكا مائارىپىدىن گۇمانلىنىپ، مائارىپنى بىر خىل ئېكسپىلاتاتسىيە دەپ تونۇيدىغان بولغاچقا، باللىرىنى ئوقۇتماي ئىشقا سالىدىكەن؛ ئىتالىيان باللىرى ئوقۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتەلمىگەن بولغاچقا مەكتەپتىن قاچىدىكەن، ئوقۇمايدىكەن؛ ئوقۇغانلىرىنىڭمۇ نەتىجىسى تۆۋەن بولىدىكەن؛ نۇرغۇنلىرى جىنايەت يولىغا مېڭىپ قالىدىكەن. ئەكسىچە يەھۇدىي باللىرىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى، گەپ- سۆز ۋە ئىش- ھەرىكەتتە ئەدەپ- يوسۇنلۇق بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇلارنى بەك ياخشى كۆرۈدىكەن.

# مۇندەرىجە


**كىرىش سۆز: يەھۇدىي مىللىتىدىن چىققان دۇنياۋى سەرخىللار ........ 1**

پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدىكىلەر ........ 1

ئىقتىساد ساھەسىدىكىلەر ........ 2

مۇتەپەككۇرلار ........ 4

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەر ........ 5

سىياسىي ساھەدىكىلەر ........ 6

**يەھۇدىيلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسى دەستۇرى ــــ «تالمۇد» ........ 7**

**بىرىنچى باب دەسلەپكى تەربىيە ........ 1**

بىرىنچى، دەسلەپكى تەربىيە ئارقىلىق تالانت يېتىلدۈرۈش ........ 2

ئىككىنچى، دەسلەپكى تەربىيىنى ئاتا ـ ئانىدىن باشلاش ........ 11

ئۈچىنچى، يەھۇدىيلارنىڭ دەسلەپكى تەربىيە ئارقىلىق تالانت يېتىلدۈرۈش ئۇسۇلى ........ 21

تۆتىنچى، تالانتلىقلارنىڭ خاتىرە سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ........ 40

بەشىنچى، تالانتنى بايقاش ئۇسۇلى ........ 46

ئالتىنچى، تالانتنى ئۇرغۇتۇش ۋە يېتىلدۈرۈش ........ 53

يەتتىنچى، تالانتلىقلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن مۇھىت ھازىرلاش ........ 60

سەككىزىنچى، ئىسرائىلىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن ھامىلە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ........ 66

**ئىككىنچى باب غايە تەربىيىسى ........ 71**

بىرىنچى، بالىنىڭ كىشىلىك ھايات نىشانىنى بېكىتىشكە ياردەملىشىش ........ 72




此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com